# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 4 ـ بەتتە)

خەۋپ ـ خەتەرنى ئەستىن چىقارمىغاندىلا خاتىرجەملىك بولىدۇ. نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ۋە خىرىسلارنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى خېلى زور بولۇۋاتىدۇ، بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ تىجارىتى قىيىن بولۇۋاتىدۇ، زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ۋەزىپىسى مۇشكۈل. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئاخىرقى كۈچىنىش باسقۇچىغا كىردى، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى چىش ئۆتمەيدىغان «قاتتىق سۆڭەك» بولۇپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشتا يەنە جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يەنە بىر مۇنچە كەمتۈكلۈكلەر بار، ئىشقا ئورۇنلىشىش، مائارىپ، داۋالىنىش، ياشانغاندا كۈتۈنۈش، تۇرالغۇ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قاتارلىق جەھەتلەردە ئامما نارازى بولۇۋاتقان تەرەپلەر يەنىلا بار. ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يەنىلا ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ، «بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىر قىسىم كادىرلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشقا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، ئىقتىدارى كۈچلۈك ئەمەس، ئىستىلى پۇختا ئەمەس، ئىقتىساد خىزمىتىنى تۇتۇشتا يۈزەكىلىك، كۆپتۈرمىچىلىك مەۋجۇت. بىز مەسىلە ۋە خىرىسقا بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل ئۈستىمىزگە ئېلىپ، ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىپ، خىزمەتنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز!

## 2. 2020 ـ يىللىق ئاساسلىق خىزمەتلەر

بۇ يىل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىدىغان، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ يىل. بۇ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى زور.

2020 ـ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلەپى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، مەركەزنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزلىرى ۋە مۇھىم كۆرسەتمىلىرى، تەستىقىي يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلەپى بويىچە، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشانى ـ ۋەزىپىسىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، ئېشىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمەتلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىنىڭ مۇۋاپىق دائىرىدە بولۇشىنى ساقلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش.

2020 ـ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق كۆزلىمە نىشانى: رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 5.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇراقلىق مۈلۈك سېلىنمىسىنى 5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنى 5.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا ئومۇمىي سوممىسىنى 5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمىنى 3% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ ئۆلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمىنى ئايرىم ـ ئايرىم 6% ئەتراپىدا، 7.5% ئەتراپىدا ئاشۇرۇش، ئاھالە كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن ئاساسەن ماس قەدەمدە بولۇش؛ شەھەر ـ بازاردا 450 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شەھەر ـ بازاردا تىزىملانغان ئىشسىزلىق نىسبىتى 4.5% ئىچىدە بولۇش، شەھەر ـ بازاردا تەكشۈرۈلگەن ئىشسىزلىق نىسبىتى 5.5% ئىچىدە بولۇش، ئاھالە ئىستېمال باھاسىنىڭ ئېشىشىنى 3% ئەتراپىدا كونترول قىلىش، ھازىرقى ئۆلچەم ئاساسىدا قېپقالغان يېزا نامرات ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يەنىمۇ ياخشىلاش، بىرلىك رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى 1.2% تۆۋەنلىتىش، ئاساسلىق بۇلغىمىنىڭ چىقىرىلىشىنى دۆلەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تىزگىنلەش. يۇقىرىقى كۆزلىمە نىشانى بېكىتىشتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇھىتى ۋە شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھەر تەرەپلىمە كۆزدە تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇردۇق، مۇقىم بولۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، پائال، سالماق بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشانغا سېلىشتۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادتا سانىنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.

بۇ يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋەزىپىمىز ئىنتايىن مۇشكۈل ۋە ئېغىر، بىز ئىستىقبالغا تولغان زور تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاچقۇچنى ئىگىلەپ، مۇقىملىقنىڭ پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىمىز.

### 1) قانۇنچىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغدايمىز

دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، دائىم سەگەك بولۇپ، ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۈنۈمبىرسال تەدبىر قوللىنىمىز. «ئىككى يۈرۈش بەنزە» خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، بىر قولدا زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىشنى تۇتۇپ، بىر قولدا كىشىلەر قەلبىنى ئەڭ زور چەكتە مايىل قىلىش ۋە مۇجەسسەملەشنى تۇتۇپ، ئاممىۋى خىزمەتنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت ئالدىنى ئېلىش ـ كونترول قىلىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، شەھەر ـ يېزا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى ۋە قانۇنچىللىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداشقا ماھىر بولۇپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداشنى دائىملاشتۇرۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ سىجىل مۇقىملىقى، ئۇزاق مۇددەت مۇقىملىقى، ئومۇميۈزلۈك مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

### 2) ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز

نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىمىز. نىشان ـ ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ تۇتۇپ، «ئالتە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچ سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئېغىر نامراتلىق قورغىنىنى قەتئىي ئېلىپ، قېپقالغان 165 مىڭ نامرات ئاھالىنى قەرەلىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى، 560 كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈشنى، ئون ناھىيەنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 2020 ـ يىلى ھازىرقى ئۆلچەم ئاساسىدا يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا، مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز، نامرات ناھىيەلەرنىڭ قالپىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ تاشلاپ، رايون خاراكتېرلىك ئومۇمىي نامراتلىقنى تۈگىتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان نامرات ناھىيە، نامرات كەنت، نامرات ئائىلىگە قارىتا قالپىقى ئېلىپ تاشلانغىنى بىلەن، مەسئۇلىيەتنى ئېلىپ تاشلىماسلىق، قالپىقى ئېلىپ تاشلانغىنى بىلەن، سىياسەتنى ئېلىپ تاشلىماسلىق، قالپىقى ئېلىپ تاشلانغىنى بىلەن، ياردەمنى ئېلىپ تاشلىماسلىق، قالپىقى ئېلىپ تاشلانغىنى بىلەن، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ئېلىپ تاشلىماسلىقنى يولغا قويىمىز، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئارخىپى تۇرغۇزۇلۇپ، كارتا بېرىلگەن نامرات ئائىلىنى ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، قايتا نامراتلاشقان ئائىلە ۋە يېڭىدىن نامراتلاشقان ئائىلىگە ۋاقتىدا ياردەم بېرىمىز ۋە ئۇلارنى يۆلەيمىز. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە كېيىنكى جىپسىلاشتۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، نىسپىي نامراتلىقنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ۋاقتىدا بارلىققا كەلتۈرىمىز.

بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ھەقىقىي ياخشى قىلىمىز. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بايلىق، ئاق قار، كۆك مۇزنىڭ ئۆزىمۇ بايلىق دېگەن تەرەققىيات ئىدىيەسىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايونلارنى پىلانلاشنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قەتئىي چەكلەش تەلەپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەنى قوغداش تۈزۈمى ۋە بوشلۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تىزگىنلەش تۈزۈمى، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويىمىز. «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە» «كۈيتۇن ـ مايتاغ ـ شىخو» قاتارلىق رايونلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسى، قاتناش ـ ترانسپورت قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ئەلالاشتۇرۇشقا پائال تۈرتكە بولۇپ، رايون بىرلىشىپ مۇداپىئەلىنىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئېغىر بۇلغانغان ھاۋا رايىغا تاقابىل تۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆك ئاسماننى قوغداش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز. دەريا باشلىقى تۈزۈمى، كۆل باشلىقى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دەريا، كۆللەرنى تۈزەش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇلغىما مەنبەسى ۋە سۇ ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى تۈزەشنى تېزلىتىپ، سۈزۈك سۇنى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىمىز. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكى ۋە كىشىلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى نىشان قىلىپ، يېزا ئىگىلىكتە يەر ئىشلىتىش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىشنىڭ تۇپراق مۇھىتى خەۋپ ـ خەتىرىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇپ ـ تىزگىنلەپ، ساپ تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى سىجىل ئىلگىرى سۈرىمىز. دۆلەت باغچىسىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان يەر سىستېمىسى قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان يەرنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تېزلىتىمىز. گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىمىز.

ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىمىز. يەرلىك ھۆكۈمەت قەرزىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ قەرز جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن قەرزنىڭ ئېشىشىنى قەتئىي توسىمىز. مەركەز مالىيەسىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان مەخسۇس زايومدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يوشۇرۇن قەرزنى پائال، سالماقلىق بىلەن تۈگىتىمىز. پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى، پۇل مۇئامىلىسى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خەۋپ ـ خەتەر كۆپ، يۇقىرى نىسبەتتە يۈزبېرىدىغان نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، قانۇنسىز مەبلەغ توپلاش قىلمىشىغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئالاقە تورى پۇل مۇئامىلىسى خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ پائال ئالدىنى ئالىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىمىز. پۇل مۇئامىلىسىدە خەۋپ ـ خەتەرنى مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىمىز، پۇل مۇئامىلىسى ساھەسىدىكى مەسىلىلەر ۋە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق خەۋپ ـ خەتىرىگە ئايلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ، رايون خاراكتېرلىك، سىستېما خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلىسى خەۋپ ـ خەتىرى يۈزبەرمەسلىك تۆۋەن چېكىنى ساقلاپ قالىمىز.

### 3) ئۆزگىچە، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، شىنجاڭچە زامانىۋى ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىمىز

«ئۈچ بازا، بىر ئۆتكۈشمە يول» قۇرۇلۇشىغا تېزدىن تۈرتكە بولىمىز. نۇقتىلىق رايونلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ ماكان جەھەتتىكى جايلىشىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. جۇڭگو نېفت ـ تەبىئىي گاز گۇرۇھى تارىم 30 مىليون توننىلىق نېفتلىك ـ گازلىقى، ماناس كۆلى نېفتلىكى، جىمسار زىچلاشما نېفتلىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى نېفتلىك ـ گازلىق، جۇڭگو نېفت ـ خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى شۇنبېي نېفتلىكى قاتارلىق چوڭ تىپتىكى نېفتلىك ـ گازلىق قۇرۇلۇشىنى تېز ئىلگىرى سۈرىمىز، ئۈرۈمچى شەھىرى، بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ تەبىئىي گاز ساقلاش ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرىمىز، زامانىۋى كۆمۈر، كۆمۈر ئېلېكتىر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈرىمىز، قومۇل سەنتاڭخۇ شىتوۋېي 1 ـ نومۇرلۇق ئۈستى ئوچۇق كۆمۈر كېنىنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلايمىز. شەرقىي جۇڭغار دۆلەت زامانىۋى كۆمۈر ـ خىمىيە سانائىتى كەسپى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، قومۇل يېڭى تىپتىكى ئۈنۈمبىرسال ئېنېرگىيە بازىسى ۋە زامانىۋى كۆمۈر ـ خىمىيە سانائىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، بايىنغولىن ئوبلاستى شاخۇ ـ چەرچەن نېفت ـ خىمىيە سانائەت باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شەرقىي جۇڭغار، قومۇل ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنى ئەۋزەل ئېنېرگىيەدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش» 3 ـ ئۆتۈشمە يولى، «غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش» 4 ـ لىنىيەسىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېنېرگىيە چوڭ رايوندىن ئېنېرگىيە كۈچلۈك رايونغا ئۆتۈشنى ئالغا سىلجىتىمىز.

توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئالغا سىلجىتىمىز. دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا دائىر ئېتىبار سىياسىتىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، دىققەتنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پاختا يىپ، رەخت توقۇش، گۈل بېسىش ـ بوياش، كىيىم ـ كېچەك ۋە كەسپتە ئىشلىتىلىدىغان توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۈرۈمچى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى تەتقىقات ـ تەرەققىيات ـ تىجارەت مەركىزى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز. پاختا توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئەلالاشتۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك پاختىنىڭ قوشۇمچە قىممىتى ۋە ئۆز جايىدا ئايلاندۇرۇش نىسبىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۇنياۋى رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە جۇڭگو ئەلا سۈپەتلىك پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش چوڭ رايونىدىن توقۇمىچىلىق چوڭ رايونغا ئۆزگىرىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز.

گۈللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرىمىز. ئىلغار ياسىمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا، ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماتېرىيال، ئېنېرگىيە تېجەش ـ مۇھىت ئاسراش، بىيو تېبابەت دورا، چوڭ سانلىق مەلۇمات، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېرمىنال قاتارلىق گۈللىنىۋاتقان ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كەسىپ ئەۋزەللىكىنى تېزدىن شەكىللەندۈرىمىز. توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش جابدۇقلىرى، شامال ئېلېكتىر جابدۇقلىرى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۈستۈن، ئۆزگىچە، ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقنى تېز راۋاجلاندۇرىمىز، كەسىپلەرنىڭ ئۇل ئىقتىدارى ۋە كەسىپلەر زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. رەقەملىك ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، سانائەت ئالاقە تورى، ئەشيا ئالاقە تورى قاتارلىق يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ياسىمىچىلىقنىڭ يۇغۇرۇلما قوللىنىلىشىنى تېزلىتىمىز.

ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرىمىز. توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى قۇراشتۇرۇش، ئاياغ كىيىم ـ باش كىيىم، ئويۇنچۇق، سومكا ـ چامادان قاتارلىق يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى ۋە رايون ئۆزگىچە يېمەكلىكلىرى، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش سانائىتى قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كەسىپلەر تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپ زەنجىرىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشىمىز. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، مېۋە ـ چېۋە، گۆش تۈرلىرىنى چوڭقۇر پىششىقلاشنىڭ كۆلەملەشكەن، ئۆلچەملەشكەن، كەسىپلەشكەن، ماركىلاشقان تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىمىز. ئۈزۈم ھارىقى، سۈت ياسالمىلىرى، شوخلا قىيامى، ئىچىملىك، قىزىلچا شېكىرى، قىزىلگۈل، جىغان، توشقانزەدىكى قاتارلىق تۈرلۈك ئۆزگىچە كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرىمىز، زورايتىمىز.

زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى تېز راۋاجلاندۇرىمىز. سودا ئەشيا ئوبوروتى، ئېلېكترونلۇق سودا، پۇل مۇئامىلىسى مۇلازىمىتى، ئۇچۇر ۋاستىچىلىكى، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش كەسىپلىرى قاتارلىق زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىمىز، ئەقلىي داۋالاش، ياشانغانلارنى كۈتۈش مۇلازىمىتى، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ئاساسىدىكى گۆدەكلەرگە قاراش، تەنتەربىيە ـ بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئائىلە مۇلازىمىتى، مەھەللە مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسىپلەرنى يېتىلدۈرىمىز ۋە زورايتىمىز. 5G خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، بۇلۇت ھېسابلاش، رايون ـ بۆلەك زەنجىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرىمىز. ئەشيا ئوبوروت تۈگۈنى ئەسلىھەسى ۋە شەھەر ـ يېزىنىڭ بازار تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم زامانىۋى ئەشيا ئوبوروت كەسىپلەر باغچە رايونىنى قۇرۇشنى تېزلىتىمىز، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق سودا ئەشيا ئوبوروت كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرىمىز. بازار مېخانىزمى ۋە زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ تايىنىش ئاساسىدا مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك مۇلازىمەتچىلىكنىڭ كەسىپلىشىشكە ۋە قىممەت زەنجىرى يۇقىرى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىمىز، تۇرمۇش خاراكتېرلىك مۇلازىمەتچىلىكنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى ۋە تۈرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا تۈرتكە بولىمىز. كېچىلىك ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مۇلازىمەت تەمىناتىغا قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قوزغايمىز.

يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويىمىز. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش سىناق رايونى ۋە ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە رايونىنى شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم موتور قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دۆلەت دەرىجىلىك باغچە رايونلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ـ ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدا بىڭتۇەن كەسىپلەر باغچە رايونى، ئۈرۈمچى كەسىپلەر باغچە رايونى قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، باغچە رايونلىرىنىڭ تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەندىزىدە يېڭىلىق يارىتىش، باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش، مۇلازىمەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىمىز، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇشقا يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئېگىزلىكنى بەرپا قىلىمىز. بىر تۈركۈم مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى تەشكىللەپ يولغا قويۇپ، مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىش ۋە پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇپ قوللىنىشنى تېزلىتىمىز. كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى سۇبيېكتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يادرو قىلىنغان ئومۇميۈزلۈك يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم باشلامچىلىق رولىغا ئىگە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش سۇپىسى بازىسىنى قۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرى مۇكەممەل، تېخنىكا سەۋىيەسى ئىلغار بىر تۈركۈم ئىجادچان كەسىپلەر توپىنى يېتىلدۈرىمىز ۋە كىرگۈزىمىز. نېفت، نېفت ـ خىمىيە، جابدۇق ياسىمىچىلىقى، مېتاللۇرگىيە ـ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، مىللىي تېبابەت ـ دورىگەرلىك قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىمىز، يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئەنئەنىۋى كەسىپلەردە مۇھىم، زور تېخنىكا ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز، ئاۋام ئىگىلىك تىكلەش، ئاۋام يېڭىلىق يارىتىشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىمىز. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىپ، كارخانىلارنىڭ بازاردىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)